ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئۆتۈش مۇھەببەت بىلەن ئادەم تەربىيەلەش

## —— بايىنغولىن ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق يىللىقلارنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى سەي رېن توغرىسىدا

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

☐ مۇخبىرىمىز دۇ جيەنخۇي

«9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى كۈنى، يان تېلېفونۇمغا كەلگەن قىسقا ئۇچۇر ئەسكەرتىشلىرى زادىلا توختىمىدى، قىزىمنىڭ ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ماڭا بەخت تىلىدى، مەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشى، دەپ ھېس قىلدىم!» دېدى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سەي رېن يەنىلا بەختلىك ئەسلىمىلەرگە چۆمۈلگەن ھالدا.

1985 - يىلى 8 - ئايدا، سەي رېن ئىچكى موڭغۇل سىفەن داشۆسىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق موڭغۇل مىللىتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى(كېيىن بايىنغولىن ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن)گە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، شۇ ئىشلىگەنچە 34 يىل ئىشلىدى.

سەي رېن باشتىن - ئاخىر «ئوقۇتقۇچى يېتەكلىگۈچى، ئوقۇغۇچى سۇبيېكت» دېگەن ئوقۇتۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى لايىھەلەپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ 2 - دەرسخانا ئاچتى، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل قىزىقىش گۇرۇپپىلىرىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

ئوقۇغۇچى سەيرىبەندەيلىگىنىڭ تەنتەربىيە جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى، ئۇ 2 - دەرسخانىنىڭ يېتەكلىشىدە تېز ئۆسۈپ يېتىلدى، كېيىن ئىچكى موڭغۇل سىفەن داشۆسىنىڭ تەنتەربىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى؛ ئوقۇغۇچى تۆمۈرباتېر ئىچكى موڭغۇل مىللەتلەر داشۆسىنىڭ مۇزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى…

شىنجاڭدا يېڭى دەرسلىك ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغان تۇنجى يىلى، سەي رېن دادىللىق بىلەن جەڭ ئېلان قىلىپ، خىزمەتداشلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئوقۇتۇش نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشتى.

ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىتايلى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى ئىلمىي ماقالە مۇسابىقىسىدە، ئۇنىڭ ئوقۇتۇشقا دائىر «ماتېماتىكا ئاساسىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى» «ماتېماتىكا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بايىنغولىن ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ بولۇپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى چەت، يىراق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كېلەتتى. ئوقۇغۇچىلارنى خاتىرجەم ئۆگىنىدىغان قىلىش ئۈچۈن، سەي رېن ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئوينىدى، كەچتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىرداشتى، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيە ئەھۋالى، ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا، سەي رېن ھەمىشە بىرىنچى ۋاقىتتا ياردەم قولىنى سۇندى.

ئوقۇغۇچى چياۋلۇگباتۇ خوشۇت ناھىيەسىنىڭ چەت، يىراق تاغلىق رايونىدىن كەلگەن بولۇپ، ئائىلىسى نامرات ئىدى. بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، سەي رېن ھەر ئايدا ئامال قىلىپ چياۋلۇگباتۇغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم ئۆگىنىدىغان قىلدى. چياۋلۇگباتۇ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە ياردىمىدە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئىچكى موڭغۇل داشۆسىگە قوبۇل قىلىندى. سەي رېن يەنە خوشۇت ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى تارمىقى بىلەن ئالاقىلىشىپ، چياۋلۇگباتۇنىڭ داشۆدە ئوقۇيدىغان قىسمەن ئوقۇش پۇلىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

«ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن چېغىمدا، سەي رېن مۇئەللىم بىلەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماڭا بولغان كۆيۈنۈشى ۋە قوللىشىنى ئويلىسامىلا، مەن ئىشەنچكە تولىمەن» دېدى ئاسپىرانتلىقنى پۈتكۈزۈپ بۈگۈنكى كۈندە خىزمەتكە چىققان چياۋلۇگباتۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، گاڭگىراپ قالغاندا، سەي رېننىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپتا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاپ، گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈن، سەي رېن ئۆزىنىڭ مائاشىنى ئىشلىتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتى، دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىرداشتى.

«بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى مول بىلىمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ياخشى ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقىنى ھازىرلىشى كېرەك، مەن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەھەتتە نەتىجىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك» دېدى سەي رېن.

34 يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىدە، سەي رېن باشتىن - ئاخىر سادىقلىق بىلەن ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا، مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى ئۈلگىسى قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

# بورتالا پۈتۈن كۈچ بىلەن شەھەر «يېشىل ئۆپكىسى»نى بەرپا قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ رايون بورتالا شەھىرىنىڭ شامال ئېغىزىغا جايلاشقاچقا، بورانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلسىلا تاشلاندۇق، كونا سولياۋلار، قەغەز پارچىلىرى، چاڭ - توزانلار بىراقلا شەھەر ئاسمىنىغا ئۇچۇپ كېلىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنىدى.

2016 - يىلى، بورتالا شەھىرى 10 مىڭ مولۇق تاشئالما ئېكولوگىيە باغچىسى قۇرۇلۇشى تۈرىنى باشلاپ يولغا قويۇپ، تۈرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى 63 مىڭ مو قىلىپ بەلگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي بىنا قىلىنغان ئورمان 30 مىڭ مو، دائىرىلەپ يېتىشتۈرۈلگىنى 33 مىڭ مو.

«كۆچەت سورتىنى تاللىغاندا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشى ئارقىلىق، بىز سوغۇققا چىداملىق، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، شورغا چىداملىق تاشئالما دەرىخىنى تاللاشنى ئاساس قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئالما، ئالۇچا، ياۋا شاپتۇل، جىغان، ئۆرۈك، دولانە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى كىرىشتۈرۈپ تىكىپ، مەنزىرە ئۈنۈمىنى ئاشۇردۇق.» ۋاڭ لىبى مۇنداق دېدى: «ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ، 10 مىڭ مولۇق تاشئالما ئېكولوگىيە باغچىسى يەنە باغچە رايونى يولى، دەم ئېلىش مۇلازىمەت نۇقتىسى، پىيادىلەر يولى قاتارلىق يۈرۈشلۈك ئەسلىھەلەرنى ماس قەدەمدە پىلانلاپ يولغا قويدى».

ھازىرغا قەدەر، 10 مىڭ 300 مو يەردە كۆچەت تىكىلىپ ئورمان بىنا قىلىندى، 20 مىڭ مو يەر دائىرىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. تۈرنىڭ پۇختا قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بورتالا شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ بىۋاستە كۆزىتىپ ھېس قىلغىنى شۇ بولدىكى، بورانلىق ھاۋا رايى ئازايدى، چاڭ - توزان ئازايدى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2016 - يىلى، بورتالا شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى 90.6% بولغان؛ 2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، بورتالا شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى 98.5%كە يەتكەن.

بورتالا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ليۇ چياڭ مۇنداق دېدى: «بورتالا شەھىرىدىكى 10 مىڭ مولۇق تاشئالما ئېكولوگىيە باغچىسى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىلغاندىن كېيىن، بورتالا شەھىرىنىڭ يېشىل توسۇقى، شەھەرنىڭ «يېشىل ئۆپكىسى»گە ئايلىنىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ياخشىلاش، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتىش رولىنى ئويناپلا قالماي، يەنە شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، شەھەر مەنزىرىسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر مىللەت ئامما ئۈچۈن بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى قىلىدىغان ئىستىراھەت ئورنىدىن بىرى يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، سەيلە - ساياھەت، باغ - ئورمانچىلىق ئىقتىسادى بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار رايونى شەكىللەندۈرۈلىدۇ».

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى
تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى

سالىقجان:

# ئىتتىپاقلىق يولىدا كۈچ ئۇلاپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش

☐ مۇخبىرىمىز چېن چېن

سالىقجان ئىمىن ئەجدادلىرىنىڭ قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قولىدا پارتىيەنى سۆيۈش، دۆلەتنى سۆيۈشنىڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكىنى تۇتقىنىچە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتىن بوشاشمىدى.

بۇ يىل 74 ياشقا كىرگەن سالىقجان چۆچەك شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر كوچىسى قارا دۆڭ مەھەللىسىدىكى پېنسىيەگە چىققان ئۇيغۇر بوۋاي. ئون يىلدىن بۇيان، ھەر دۈشەنبە كۈنى ھەم مۇھىم، زور بايراملاردا، ئۇ ھەمىشە ئۆز ھويلىسىدا چاقناپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى چىقىرىپ كەلدى. دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، سالىقجان قوشنا - قولۇملىرىغا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەتراپىدىكى ھەربىر ھېكايە ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتكەنلىكىنى تەسىرلىك سۆزلەيدۇ.

سالىقجان بىلەن مىڭ گۈاڭجى نەچچە ئون يىل بۇرۇن تونۇشقان. مىڭ گۈاڭجى ئۆزى يالغۇز شەندۇڭدىن چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ تۇرالغۇ ئىزدەۋاتقاندا سالىقجان بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان، ئاق كۆڭۈل سالىقجان مىڭ گۈاڭجىنىڭ يالغۇزلۇقىغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىر ئېغىزلىق ئامبارنى بوشىتىپ مىڭ گۈاڭجىنىڭ ئولتۇرۇشىغا بەرگەن، ئۇ شۇ ئولتۇرغىنىچە 20 نەچچە يىل ئولتۇرغان. مىڭ گۈاڭجىنىڭ يېشى سالىقجاندىن چوڭ بولۇپ، يېقىملىق ھالدا سالىقجاننى «ئۇكام» دەپ چاقىراتتى. سالىقجاننىڭ ياردىمىدە مىڭ گۈاڭجى قۇرۇلۇش شىركىتىدىن خىزمەت تاپقان. ئۇزاق ئۆتمەي مىڭ گۈاڭجى خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىپ، يەنىلا سالىقجان ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىدا تۇرغان، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىر ئىشىكتىن كىرىپ - چىقىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتكەن. مىڭ گۈاڭجى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسى بولغاندىلا ئاندىن سالىقجاننىڭ ھويلىسىدىن كۆچۈپ چىققان. كېيىن مىڭ گۈاڭجى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ يۇرتى شەندۇڭغا قايتىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن. گەرچە ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، بىراق مىڭ گۈاڭجىنىڭ بالىلىرى ھەر يىلى شىنجاڭغا كېلىپ سالىقجاننى يوقلاپ تۇرغان، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئۇرۇق - تۇغقان بولمىسىمۇ بىراق ئۇرۇق - تۇغقاندىنمۇ يېقىن ئۆتكەن.

سالىقجان مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، ئاتا - ئانام تۆت ئېغىزلىق ئۆيىنى بوشىتىپ، شىنجاڭغا كىرگەن ئازادلىق ئارمىيەنىڭ گازارما قىلىشىغا بەرگەنىدى. بۇ ئىش مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ئىرادە باغلىغانىدىم. مۇشۇ يىللاردا، سالىقجان ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مېيىپ ياشانغانلار، ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار ھەم قىيىنچىلىقى بار قوشنىلىرىغا گۆش، كۆكتاتلارنى ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىپ، قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراپ تۇردى، تەۋەلىكتىكى مۇھىت تازىلىق ئىشچىلىرىغا مىنېرال سۇ، پەلەي، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەردى، يەنە ئون بالىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا ياردەم بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە سالىقجاننىڭ يەنە چۆچەك شەھىرىنىڭ پۇقرا تەشۋىقاتچىسى، دېگەن يېڭى سالاھىيىتى بار بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھويلىسىدا كىچىك بىر كۇتۇپخانا ئېچىپ، تۈرلۈك قىزىل كىتابلار ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى تىزىپ، بايراق چىقىرىشقا قاتنىشىشقا كەلگەنلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن تەمىنلىدى. ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز بولغان قوشنىسى مەڭلىگۈل قۇربان مۇنداق دېدى: «سالىقجاننىڭ قوشنىسى بولغىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، ئۇ پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى ئائىلەمگە ۋاقتىدا يەتكۈزدى، ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز».

سالىقجاننىڭ ئوغلى سالاھىدىن سالىقجان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، ئۇ دادىسى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئىلگىرىلىدى، نۆۋەتتە ئۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان سەككىز ياشانغان كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، ئەڭ ئۇزاق بولغىنى 16 يىلغا يەتتى.

ھەر قېتىم ئۆيىدە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەندە، سالىقجان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «كېيىن مەن سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالسام، مېنىڭ ئوغلۇم سۆزلەيدۇ، ئوغلۇم سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا نەۋرىلىرىم تەشۋىق قىلىش كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ».

لى جيەندۇڭ:

# كۆڭلىگە باشتىن - ئاخىر كەنت ئاھالىلىرىنى پۈكۈش

☐ مۇخبىرىمىز خەن چېنيەن

«بۇ مېنىڭ شەخسىي شان - شەرىپىم بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى». ئەمدىلا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشكەن شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى جىددىي تاقابىل تۇرۇش - خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش مەركىزى 5 - شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى لى جيەندۇڭنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولۇپ، چەكسىز شەرەپ ھېس قىلدى.

ئالتۇن كۈزدىكى 10 - ئايدا، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسى ئاياغ گۈلباغ كەنتىدە، 1 - شۇجى لى جيەندۇڭ ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە ئەمگەك قىلدى.

لى جيەندۇڭ شىنجاڭ مايتاغ نېفىت مەكتىپىنىڭ نېفىت ئېلىش كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ ئاساسىي قاتلامدىن باشلاپ ئىشلەپ، تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىپ شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى جىددىي تاقابىل تۇرۇش - خەتەردىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش مەركىزى 5 - شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولدى. بۇ يىللاردا ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس»، قاراماي بويىچە «ئەخلاق نەمۇنىچىسى» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، 49 ياشلىق لى جيەندۇڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم، زور خىرىسنى كۈتۈۋالدى: قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسى ئاياغ گۈلباغ كەنتىگە بېرىپ 1 - شۇجى بولدى.

قانداق قىلغاندا كەنت ئاھالىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ؟ لى جيەندۇڭ پىكىر يۈرگۈزدى، ئىزدەندى. كەنتتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نامرات ئاھالىلەر سىرتقا چىقىشنى خالىمىدى، لى جيەندۇڭ ئۆيمۇئۆي كىرىپ سىياسەتنى تەشۋىق قىلدى.

2018 - يىلى 3 - ئايدا، لى جيەندۇڭ قاراماي نېنمېيتې يېمەك - ئىچمەك باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، كارخانىچىلارنى كەنتكە بېرىپ تەشۋىق قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى كارخانىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

كەنت ئاھالىسى ئابلىمىت ئوسمان، تۇخان روزى قاتارلىق تۆت كىشى قارامايغا بېرىپ ئىشلىدى. «بىز ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشى 2500 يۈەن، ئۈچ ئايدىلا مەن ئائىلەمگە 6000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئەۋەتتىم» دېدى ئابلىمىت.

ئابلىمىتنىڭ قارامايدا پۇل تاپقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلا پۈتۈن كەنتكە تارقالدى، بىر يىلدىلا ئاياغ گۈلباغ كەنتىدىن 150 ئادەم سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى.

لى جيەندۇڭ كەنتتىكى ئەمگەك كۈچى بايلىقىنى جانلاندۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى شۇ جايدىكى يوللارنى رېمونت قىلىش، ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشلىرىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. لى جيەندۇڭ يەنە كەنتتىكى تېخنىكىسى بار قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنى تېپىپ كېلىپ، باشلامچى بولۇپ ۋەنفېڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇردى.

لى جيەندۇڭنىڭ ياردىمىدە، كەنت ئاھالىسى ئوبۇل قاسىم باشلامچىلىق بىلەن قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇپ، كەنت ئاممىۋى ھاجەتخانىسى سالدى، كەنتتىكى ئۈچ يولنى قاتتىقلاشتۇردى؛ كەنت ئاھالىسى ياسىن ساۋۇت خۇمدان قۇرۇپ، پۈتۈن كەنتنىڭ ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان خىش ھەم كەنتتىكى پىيادىلەر يولىغا ياتقۇزۇلىدىغان خىشنى ئىشلەپچىقاردى؛ كەنت ئاھالىسى ئىمىنىياز مەمەت قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، پۈتۈن كەنتتىكى 18 يۈرۈش ئەمىن ئۆي ھەم كەنتنىڭ ھويلا - ئاران ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولدى. ئۈچ قۇرۇلۇش ئەترىتى 2 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ، 50كە يېقىن كىشىنى بۇ كەنتتە ئىشلەشكە يېتەكلىدى.

«لى شۇجى خۇددى ‹پىرقىرىغۇچ›قا ئوخشاش خىزمەتنى ئەزەلدىن ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىدى، باشتىن - ئاخىر بىز پۇقرالارنى كۆڭلىگە پۈكتى» دېدى ئوبۇل.

نامرات ئاھالە بۇزەينەپ تۇرۇپ ئۆزى يالغۇز ئۈچ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، لى جيەندۇڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا قاراپ ئىچى تىتىلدىدى، قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟

«كەپتەر باقسا كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.» لى جيەندۇڭ ئۇنىڭغا 15 جۈپ كەپتەر ئەكېلىپ بەردى. ھازىر، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كەپتەرلەر كۆپىيىپ 100گە يېتىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.